# ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى يېپىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باش بېلەت نازارەتچىسى، بېلەت نازارەتچىلىرىنىڭ ئىسمىلىكى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى. يىغىندا نامسىز بېلەت تاشلاش شەكلى قوللىنىلىپ، لى نىڭپىڭ، زۇمرەت ئوبۇل، توختى ياقۇپ، مۇقىيات جارمۇقاممەت ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، مۇتەللىپ روزى ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا، ۋاڭ شۆدۇڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلاندى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەخسۇس كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىر ئەزالىرى ئىسمىلىكى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە رايون بەرپا قىلىش نىزامى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى؛ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات، ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ 2021 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 2021 ـ يىللىق خامچوتى توغرىسىدىكى قارار ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارار ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى.

يىغىندا تۈرلۈك قارالمىلار تاماملانغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىككى يىغىنىدا، ھەرقايسى ۋەكىللەر، ئەزالار يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق ۋە كۈچلۈك بۇرچ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئەستايىدىل قاراپ چىقىپ، مۇزاكىرە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ گۈزەل ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈپ، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈردى، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملىدى، روھنى ئۇرغۇتتى، كۈچنى مۇجەسسەملىدى. بۇ يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى يولغا قويۇش باشلانغان يىل. ئۇلۇغ ئىش بىزنى چاقىرماقتا، مۇقەددەس بۇرچ بىزنى رىغبەتلەندۈرمەكتە. شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 3 ـ قېتىملىق مەركىزىي شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قەدىسەرلىك بىلەن ئىلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش كېرەك. سىياسىي قۇرۇلۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، قەتئىي، كەسكىن، كەم ـ كوتىسىز ھالدا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. سجىل تۈردە نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۈچەپ شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، لېكسىيە سۆزلەش، تەربىيەلەش، ئومۇملاشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش ـ مۇھاكىمە قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى، قەلبلەرگە سىڭىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دىققەتنى ئۆلچەمگە توغرىلىنىشقا مەركەزلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ مۇقىم قىلىپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇپ، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇپ، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. «ئۈچ يېڭى» تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادتا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. سىستېمىلىق قاراش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن تەپەككۇر قىلىش، پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك پىلانلاش، ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، پۈتۈن گەۋدە خاراكتېرلىك ئالغا سىلجىتىشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ياخشى بىرتۇتاش پىلانلاش، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى تېخىمۇ ياخشى بىرتۇتاش پىلانلاش كېرەك. نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى تۇتۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشنى ساقلاپ، ئاگاھ سىگنالنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇپ، ھەقىقىي تۈردە ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىش كېرەك. تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى»نى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە قۇرۇشنى كۈچەيتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش، ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىنى قوللاش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شەۋكەت ئىمىن رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنداق دېدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، باشتىن ـ ئاخىر سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشنى باش ئورۇنغا قويۇپ، باشتىن ـ ئاخىر نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، باشتىن ـ ئاخىر يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى پروگراممىسى ۋە روھى قىلىپ، باشتىن ـ ئاخىر «ئۈچ يېڭى» تەلىپىنى تەرەققىياتنىڭ چوڭ لوگىكىسى قىلىپ، تۈزگەن ئۇلۇغۋار پىلاننى چىڭ كۆزلەپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ھەربىر قەدەمدە ئىز قالدۇرۇپ خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، ئۇلۇغۋار پىلاننى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، جان تىكىپ ئىشلەش ئارقىلىق يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، كۈرەش قىلىش ئارقىلىق يېڭى شان ـ شەرەپنى نەقىشلەپ، «14 ـ بەش يىل» باشلانغان يىلدا يېڭى قالتىس سەھىپىلەرنى پۈتۈش كېرەك.

يىغىن ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە يېپىلدى.

يىغىندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، باش كاتىپى، ئەزالىرى ئاساسىي قانۇن ئالدىدا قەسەم بەردى.

(بېشى 2 ـ بەتتە)

تەشكىلاتلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. كەنتتە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى ۋە يېزا خىزمەت ئەترىتىنى داۋاملىق تاللاپ ئەۋەتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت گۈيجوۋنىڭ ئەڭ زور تەرەققىيات ئەۋزەللىكى ۋە رىقابەت ئەۋزەللىكى. ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىش يۆنىلىشىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، تاغ ـ دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى سىستېمىلىق تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى قوغداش سالمىقىنى زورايتىپ، شېغىللىشىش ـ چۆللىشىشنى، سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى ئىلمىي ئالغا سىلجىتىپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، دېگەن بۇ چوڭ ئىشنى ئۈزلۈكسىز ياخشى قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئورتاق بېيىش ئەسلىدىنلا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ بىر مۇھىم نىشانى، خەلقنى مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئىشلەپ، مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، رايون پەرقى، شەھەر ـ يېزا پەرقى، كىرىم پەرقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەل قىلىپ، ئاممىغا ئۆزگىرىشلەرنى كۆرستىش، ئۇلارنى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرۈش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئىستراتېگىيەسى ۋە ئاكتىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مائارىپ، ياشانغانلار كۈتۈنۈش، داۋالاش، تۇرالغۇ قاتارلىق مەسىلىلەرنى گەۋدىلىك ياخشى ھەل قىلىش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش مېخانىزمى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ خاس ئەۋزەل كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوللاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئەينى يىللاردىكى ئۇزۇن سەپەردە، قىزىل ئارمىيەنىڭ گۈيجۇدا پائالىيەت قىلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق، پائالىيەت دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولۇپ، بىزگە قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقلارنى قالدۇرغان. زۈنيى يىغىنى پارتىيەمىز تارىخىدىكى بىر قېتىملىق ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە مۇھىم يىغىن. بۇ قېتىمقى يىغىن قىزىل ئارمىيەنىڭ 5 ـ قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشى مەغلۇپ بولغان ۋە ئۇزۇن سەپەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان تارىخىي پەيتتە ئېچىلغان بولۇپ، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە قىزىل ئارمىيەدىكى رەھبەرلىك ئورنى تىكلەنگەن، يولداش ماۋ زېدۇڭ ئاساسلىق ۋەكىللىكىدىكى ماركسىزملىق توغرا لۇشيەننىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى رەھبەرلىك ئورنى تىكلىنىشكە باشلىغان، يولداش ماۋ زېدۇڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيەنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى شەكىللىنىشكە باشلىغان، پارتىيەمىزنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى مۇستەقىل، ئۆز ئالدىغا ھەل قىلىش يېڭى باسقۇچى باشلىنىپ، ئەڭ خەتەرلىك جىددىي پەيتتە، پارتىيەمىزنى قۇتقۇزۇپ قالغان، قىزىل ئارمىيەنى قۇتقۇزۇپ قالغان، جۇڭگو ئىنقىلابىنى قۇتقۇزۇپ قالغان. زۈنيى يىغىنىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇلۇپ، خاتالىقلار تۈزىتىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى تىكلەنگەن، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك تاكتىكا ئىجادىي تۈزۈلگەن ۋە يولغا قويۇلغان. بۇ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. پات ئارىدا قانات يايدۇرۇلىدىغان پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇزۇن سەپەر روھى ۋە زۈنيى يىغىنى روھىدىن كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ماسلىشىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىپ، نىشاننى چىڭ كۆزلەپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەر يولىدا ياخشى مېڭىش كېرەك. پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. خەلققە بەخت يارىتىشنى ئەڭ مۇھىم سىياسىي نەتىجە دەپ بىلىپ، قەتئىي تۈردە شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى تۈگىتىش كېرەك. چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، سىياسىي ئېكولوگىيەنى ئۈزلۈكسىز ساپلاشتۇرۇپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىش كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، لىيۇ خې، چېن شى، خې لىفېڭ ۋە مەركەزنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار تەكشۈرۈشتە ھەمراھ بولدى.

# ماركسنىڭ ئالتە پارچە خەت ـ چەك قول يازمىسىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت، ماتېرىيال تەتقىقات يۇرتىغا ساقلاشقا قويۇلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ ماركسىزملىق ھۆججەت، ماتېرىياللارنى ساقلاش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشتا قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ يېڭى نەتىجىسى. مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت، ماتېرىيال تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى چۇ چىڭشەن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ قول يازمىلار ساقلاشقا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى يىغىپ ساقلانغان ماركسىزم كلاسسىك يازغۇچىلىرىنىڭ قول يازمىلىرىنى قوشقاندا، مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت، ماتېرىيال تەتقىقات يۇرتى دۆلەت ئىچىدە ماركسىزم كلاسسىك يازغۇچىلىرىنىڭ قول يازمىلىرى ئەڭ كۆپ ساقلانغان ئاپپارات بولۇپ قالدى.

«ماركسىزم كلاسسىك يازغۇچىلىرىنىڭ قول يازمىلىرى ماركسىزم نەزەرىيەسى ۋە كۆز قارىشىنىڭ مۇھىم ۋاستىسى.» چۇ چىڭشەن مۇنداق بىلدۈردى: ماركسىزم كلاسسىك يازغۇچىلىرىنىڭ قول يازمىلىرىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ماركسىزم كلاسسىك يازغۇچىلىرىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقىنى كۆزلەيدىغان غايە ـ ئېتىقادى ۋە قەلب مۇساپىسىنى چوڭقۇر تونۇش، ماركسىزمنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان نەزەرىيەۋى خىسلىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەش، دۆلىتىمىزنىڭ ماركسىزم نەزەرىيەسى تەتقىقاتى ۋە تەشۋىقاتى جەھەتتىكى سۆز ھوقۇقى ۋە يېتەكچىلىك ھوقۇقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياستى 5 ـ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىن ھەيئەت رىياستىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرىدىن چېن چۇەنگو، شەۋكەت ئىمىن، جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى.

شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى توغرىسىدىكى، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات توغرىسىدىكى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 2021 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى توغرىسىدىكى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 2021 ـ يىللىق خامچوتى توغرىسىدىكى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارار لايىھەسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە رايون بەرپا قىلىش نىزامى لايىھەسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى ئومۇمىي يىغىندا ئاۋازغا قويۇشقا سۇنۇش قارار قىلىندى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)